# پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەگە سادىق بولۇش كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي پەزىلىتى. پارتىيەمىز ھازىرغىچە سانسىزلىغان خەۋپ - خەتەر ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، لېكىن ھەرقانداق قىيىنچىلىق بىزنى باش ئەگدۈرەلمىدى، ھەرقانداق دۈشمەن بىزنى يىقىتالمىدى، بۇنىڭدا مىليونلىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سادىقلىقىغا تاياندۇق. پارتىيەگە سادىق بولۇشتا، جەزمەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، ئىزچىل ئەمەل قىلىش، جەزمەن ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا مەيداننى ئۆزگەرتمەسلىك، ئىرادىسىدىن تەۋرەنمەسلىك، پەزىلىتىنى يوقاتماسلىق كېرەك. ياش كادىرلار ئەجدادلارنى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەينەك قىلىپ، سەلبىي تىپلارنى ئىبرەت قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇستەھكەم غايە - ئېتىقاد ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان سەممىي سادىقلىقنى چىڭىتىشى كېرەك. ئاڭلىق ھالدا سىياسىي جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشتا قاتتىق تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان خىزمەت ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش، دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئىرادە تىكلەپ، باتۇرلۇق بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى زىممىگە ئېلىپ، قىيىنچىلىقنى زىممىگە ئېلىپ، ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىپ، خەۋپ - خەتەرنى زىممىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان سادىقلىقنى شەرھلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەمىزنىڭ تارىخى قاچانكى نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە ياخشى چىڭ تۇرغاندا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە بولغاندا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئېغىر ئەگرى - توقايلىق كۆرۈلىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى. نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى نەزەرىيەنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئىدىيەنىڭ چىن مەنىسىنى ئىگىلەش. ياش كادىرلار ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەيدان، قاراش، ئۇسۇل، داۋلى، ئىلمىي قائىدە، پەلسەپەۋى قائىدىلەرنى ئىرىشىپ ئىگىلەپ، سۆزنى چۈشىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى مەنىسىنى چۈشىنىش، ئىشنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئالدى - كەينىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئىدىيەۋى ئۇسۇلنى ئەللاشتۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىكى گاڭگىراشنى ھەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىلى ۋە روھىي ھالىتىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ھوقۇق قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، كەسىپ قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى كەسىپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىپ كەسىپ ۋە خىزمەتلەرنى پىلانلاپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان چارە - تەدبىر، سىياسەت، لايىھەلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمىي روھقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىجادىي خىزمەت ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، قاتتىق تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يۇقىرى، يەكلىي بولمايدىغان نىشان بېكىتۋالماي، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلماي، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. سەممىي ئادەم بولۇش، راستچىل بولۇش، سەممىي ئىش قىلىشنى كىشىلىك ھايات ئەقىدىسى قىلىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي تۈردە مەزمۇت تۇرغىلى، يىراققا يۈرۈش قىلغىلى بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق پارتىيەمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى، پارتىيەمىزنىڭ يىلتىزى خەلقتە، قان تومۇرى خەلقتە، جەزمەن خەلقنى قەلبىمىزدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، باشتىن - ئاخىر پۇقرالار ئۈچۈن ئويلىشىمىز كېرەك. كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كادىرلىرى «پۇقرالارنىڭ ئەمەلدارى» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ پۇقرا دەپ بىلىشى، ئەمەلدار بولۇشتا بەگ بولۇۋالماسلىقى كېرەك، بۇ نۇقتىنى ياش كادىرلار باشتىلا ئېنىق ئويلىشى ھەم ئۆمۈربويى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ياش كادىرلار مەيلى ئادەم بولۇش ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن ياكى سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا بولسۇن، ئالدى بىلەن «مەن كىم، كىم ئۈچۈن ئىشلەيمەن، كىمگە تايىنىمەن» دېگەن مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىپ، «مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن» دېگەن مەنىۋى مەنزىلگە ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىشى كېرەك. خەلقنى ئۇستاز تۇتۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشقا رازى بولۇشى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىن كۆڭلىدىكى گەپنى قىلالايدىغان كۆپرەك دوست تۇتۇشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەشكە پايدىلىق، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە پايدىلىق بولىدۇ. پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتەك ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تۈپ ئاساسىي مەقسىتىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇشتىكى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى پارتىيەۋىدلىكتىن، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھىدىن كەلگەن. ياش كادىرلار «ئۆزىدە كەمچىلىكلەر بولسا قاتتىق تەكشۈرىدىغان» ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولۇشى، دائىم پارتىيە نەزەرىيەسىگە سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىغا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىشى، باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىشى كېرەك. پارتىيەگە، كەسىپكە، يولداشلارغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، تەنقىدنى دادىل قانات يايدۇرۇپ، يولداشلارنىڭ كەمچىلىكىنى بايقىشى، خاتالىقنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىپ، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلىشى كېرەك. تەنقىدنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قەلب ۋە جاسارەتنى يېتىلدۈرۈپ، كەڭ قورساق بولۇپ، سەممىي قوبۇل قىلىپ، بار بولسا تۈزىتىشى، يوق بولسا ساقلىنىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن خىسلىتى. پارتىيەمىز كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن، شۇنداقلا مۇقەررەر ھالدا كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، دۈچ كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر ۋە سىناق ئىلگىرىكىدىن قىلچە ئاز بولمايدۇ. ياش كادىرلار كۈرەش قىلىش ئارقىلىق چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، كۈرەش قىلىش جەريانىدا كۈرەش قىلىشنى ئۆگىنىپ، كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، يۈكسىلىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر باتۇرلاردىن بولۇشى كېرەك. كۈرەش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، تىز پۈكمەي، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەرگىزمۇ ئازراقلا ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرىسا ئارىسالدى بولۇپ توختاپ قالىدىغانلاردىن، قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن بولماسلىقى كېرەك. كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، كۈرەش قىلىشنى بىلىپ، ئىشنىڭ بىخ ھالىتىدىلا ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھادىسىدىن ماھىيەتنى تونۇپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، پۇرسەتنى كۆزىتىپ، پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىشى، زىيانلىق تەرەپتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، چوڭ يۈزلىنىش، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكى، جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈرەش قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى كۈچەيتىپ، خەۋپ - خەتەر ئامىللىرىنى قەرەللىك ھالدا ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشى كېرەك. بىر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق بىر ئەقىلنى يېتىلدۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، بىر ھادىسىدىن يەنە بىر ھادىسىگە ئۆتۈپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، كۈرەش قىلىشتىكى ھەقىقىي قابىلىيەت، ھەقىقىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ياش كادىرلار جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان كۈچ ئۇلاش تايىقىنى قولغا ئېلىپ، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى ۋە مەڭگۈ بوشاڭلىق قىلمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە پارتىيەگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان كۈرەش ئىزىنى قالدۇرۇشى كېرەك. تېجەشلىك، ئاددىي - ساددا بولۇپ، ھەشەمەتچىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىش پارتىيەمىزنىڭ تەۋەررۈك ئەڭگۈشتەرى. ھازىر تۇرمۇش شارائىتىمىز ياخشىلاندى، لېكىن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى ئازراقمۇ كەم بولسا بولمايدۇ، جەزمەن ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئىقتىسادچىللىق بىلەن كەسىپنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇش، ھەممە ئىشنى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ياش كادىرلار ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاكتىپ، ساغلام تۇرمۇش قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈپ، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ پاك - دۇرۇس بولۇشتەك سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىشى كېرەك.

چېن شى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنىڭ ھەقىقەت كۈچى، ئەمەلىيەت كۈچى، كىشىلىك پەزىلەت كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، خۇاڭ كۈنمىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا قاتناشتى.

2021 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۈمى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا قاتناشتى، مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرلەر ھەقىقىي تۈردە سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئورمان باشلىقى ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىشى، پۇختىلىشى؛ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلىرى ئالاقىلىشىش، ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى؛ ھەرقايسى مەسئۇل ئورۇنلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇشى؛ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ھەيدەكچىلىك قىلىش - يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ياندىشىش تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەشۋىقات - تەربىيەنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملەپ، نازارەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، جەمئىيەت ئورتاق تۈزەيدىغان ئىستېرېئولۇق باشقۇرۇش - ئاسراش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تەكشۈرۈپ باھالاش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىق، مۈلۈكلەرنى ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندا ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش تۈزۈمى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈش جاۋابكارلىقىنى ئۆمۈرلۈك سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جەھەتلەردە ياخشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقتى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو - پولشا ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرخىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. جۇڭگو تەرەپ پولشا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - پولشا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر يىلدا پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ پولشا تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە يۇقۇملىنىش ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىنى داۋاملىق ئالماشتۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خادىملارنىڭ بېرىپ - كېلىشىنى پۇختا، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ پولشا تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇربى يەتكەن دائىرە ئىچىدە پولشا تەرەپنى ۋاكسىنا بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. يۇقۇم مەزگىلىدە، جۇڭگو بىلەن پولشا ئارىسىدا قاتنايدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش مىقدارى ۋە يۈك توشۇش مىقدارىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، جۇڭگو - پولشا، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى تەمىنلەش زەنجىرى، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۈكسەك بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى يوشۇرۇن كۈچىنىڭ غايەت زورلۇقىنى ئىپادىلەپ بەردى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىق رامكىسى ئىچىدىكى ئالاقىدار مېخانىزملارنى ئورۇنتىش ئارقىلىق، پولشانىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تاماملاپ، جۇڭگو - پولشا ھەمكارلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ بوشلۇق ئېچىپ بېرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىندا، جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى سىنلىق باشلىقلار يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، مەن سىز ۋە باشقا ھەرقايسى دۆلەتلەر رەھبەرلىرى بىلەن جۇڭگو - ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئومۇميۈزلۈك قايتا ئەسلەپ، تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، تەرەققىيات كەلگۈسىگە ئورتاق نەزەر سېلىپ، كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ھەمكارلىق مېخانىزمى ئۈچۈن مۇھىم يىرىك پىلان چىقاردۇق ۋە يېتەكچىلىك قىلدۇق. جۇڭگو تەرەپ پولشا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو - ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى ۋە جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

دۇدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2016 - يىلى پولشاغا قىلغان دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى پولشا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. يېقىندا، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى — جۇڭگو رەھبەرلىرى سىنلىق باشلىقلار يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، بۇ، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمدىن كېيىنكى ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا كۈچ قوشۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. پولشا تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋاكسىنىسىنى يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ھەم ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ. بۇ، جۇڭگونىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. پولشا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى خادىملار ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ تەڭپۇڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. پولشا تەرەپ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقىغا داۋاملىق تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. مەن يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭگودا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن قويۇق دوستانە ئالاقىنى ساقلاپ، پولشا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بولتۇردىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقالغان ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، جۇڭگو - تاجىكىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرى جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشتى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىسى مول بولدى، بولۇپمۇ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە بىر - بىرىنى قوللاپ، جۇڭگو - تاجىكىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغدىغانلىقىنى قەتئىي قوللايدۇ، تاجىكىستان تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى تاجىكىستاننىڭ «2030 - يىلىدىن ئىلگىرىكى دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى» بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە ئالغا سىلجىتىشى جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقىغا يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئىقتىساد - سودا، مەبلەغ سېلىش، يېزا ئىگىلىكى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىغا ئالدىن تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپنىڭ بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپنى ۋاكسىنا ياردىمى بىلەن تەمىنلەپ، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى. جۇڭگو تەرەپ تاجىكىستان تەرەپنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلەتلىك خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، تاجىكىستان تەرەپ بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

راخمان رەئىس شى جىنپىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغاننى تەبرىكلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ چاغىنىنىڭ خۇشال - خۇرام ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى، جۇڭگونىڭ يېڭى بىر يىلدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. راخمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو نامراتلار سانىنى ئازايتىش ساھەسىدە تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، تاجىكىستان تەرەپ بۇنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ تاجىكىستاننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، داۋاملىق ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق روھى بويىچە، ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد - سودا، خەۋپسىزلىك، ئادەمىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تاجىكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. تاجىكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلەتلىك خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، بىر نۆۋەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.